# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە ۋەزىيەت بىز تەرەپتە، بۇ بىزنىڭ ئىرادە ۋە جاسارىتىمىزنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا غەيرەت ۋە ئىشەنچىمىزنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار، پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ زورلۇقى ئوخشاشلا مىسلىسىز، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا پۇرسەت خىرىستىن چوڭ. پۈتۈن پارتىيە جەزمەن داۋاملىق كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، قوزغىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياخشى قىلىپ، بەلگىلەنگەن نىشانىمىزنى قەتئىي بوشاشماي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەرەققىياتنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور مەسىلىگە ياخشى جاۋاب بېرىش. ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى، مۇئەييەن تەرەققىيات ئەمەلىيىتى مۇئەييەن تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق يېتەكلىنىدۇ. تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقى تەرەققىياتنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى، ھەتتا مۇۋەپپەقىيىتى، مەغلۇبىيىتىنى تۈپتىن بەلگىلەيدۇ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارىتا نۇرغۇن مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە پىكىر يولىنى ۋاقتىدا تەڭشىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى سىستېمىلىق نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ، تەرەققىياتنىڭ مەقسىتى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شەكلى، يولى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بىر قاتار نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى، پارتىيەمىزنىڭ تەرەققىياتتىكى سىياسىي مەيدانى، قىممەت يۆنىلىشى، تەرەققىيات ئەندىزىسى، تەرەققىيات يولى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىلەرنى شەرھلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى جەزمەن مۇكەممەل، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. بىرىنچى، تۈپ ئاساسىي مەقسەتتىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەش. خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى ۋە ئەڭ زور ئىشەنچى. خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ھەم پارتىيەمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى، ھەم يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ «يىلتىزى» ۋە «روھى». خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندىلا، توغرا بولغان تەرەققىيات قارىشى، زامانىۋىلىشىش قارىشىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، يەنە پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلە. ئېھتىياج بىلەن ئىمكانىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىشىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ، رايون پەرقى، شەھەر، يېزا پەرقى، كىرىم پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، مەسىلە يۆنىلىشىدىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەش. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى تەلەپكە ئاساسەن، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تېخىمۇ دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى تېخىمۇ دەل جايىدا، ئەمەلىي قىلىپ، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، كۆلەپەت ئېڭىدىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەش. دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ چوڭقۇر تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، جەزمەن كۆلەپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ، قىيىن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇش كېرەك. سىياسىي بىخەتەرلىك، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى، دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەم كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىش «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تورلۇق مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە بولۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن توغرا ئىگىلەش ۋە پائال ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. مەۋقەنى ئۆزىمىزگە قويۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرساقلا، ئاندىن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، باشتىن - ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز ۋە تەرەققىي قىلالايمىز. ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن بولغان كۈچلۈك بوران - چاپقۇن، شىددەتلىك دولقۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كۈچىمىز، رىقابەت كۈچىمىز، تەرەققىيات كۈچىمىز، سىجىللىق كۈچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنىڭ راۋان، توسالغۇسىز بولۇشىدا. جەزمەن تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەدە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش» مۇھىم ۋەزىپىسىنى داۋاملىق تاماملاپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، رىقابەت كۈچى ۋە ئۈنۈمبىرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، تەمىنات سىستېمىسىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ۋە تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك سىلىنما - ھاسىلات مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، جەزمەن ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشنى تېخىمۇ تەكىتلەپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئەۋزەل بايلىقنى توپلاپ، يېڭىلىق يارىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «باشلامچى تاللاش» تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرى بىلەن كەسىپ زەنجىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، ئېھتىياج تەرەپلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاھالە ئىستېمالىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمال قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك ئىچكى بازار قۇرۇشنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تارىخىي جەريانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشتا، جەزمەن كۈچلۈك بولغان دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىي ئايلىنىش سىستېمىسى ۋە مۇستەھكەم ئاساسىي گەۋدىنى ھازىرلاش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىشتىكى يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىپ، خەلقئارا ئايلىنىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ سۈپىتى ۋە تەقسىملىنىش سەۋىيەسىنى ياخشىلاپ، دۆلىتىمىز كەسىپلىرىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنىڭ فۇنكسىيە تەقسىماتى جەھەتتە تېخىمۇ ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇشىغا، تۈزۈلمە - مېخانىزم جەھەتتە تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل بولۇشىغا، يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»نى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئەينەن ئۆگىنىپ، بىرمۇبىر، بۆلەكمۇ بۆلەك ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇھىم نۇقتا ۋە يېڭىلىق يارىتىش نۇقتىسىنى گەۋدىلىك ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئۇسلۇبنى جارى قىلدۇرۇپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئۇزاق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، خىزمەت ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار جەزمەن مەۋقەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە قويۇپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى قەلبىگە پۈكۈپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتىكى سىياسىي ئىقتىدارى، ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى، كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

لى كېچياڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، تارىخ بىلەن رېئاللىق، دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارانى بىرلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى، تارىخىي ئاساسى، رېئال ئاساسىنى تەھلىل قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەلىپىنى بايان قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى شەرھلىدى، بۇ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەلىك مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيەلىك مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئارمىيەدىكى ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلار، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار تەتقىقات - مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ھەم ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مەسئۇل يولداشلار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا سىرتتىن قاتناشتى.

## شى جىنپىڭ تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ، جىن جېڭئىننىڭ چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يولداش باش شۇجىنىڭ يەنە چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى بولۇپ سايلانغانلىقى چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ باش شۇجىغا بولغان ئىشەنچى، ھىمايىسى ۋە ئۈمىدىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئىشىنىمەنكى، يولداش باش شۇجى باشچىلىقىدىكى چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى ۋە چاۋشيەن خەلقى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشانىنى جاسارەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن تاغ - دەريالىرى تۇتاش سوتسىيالىستىك دوستانە قوشنا دۆلەت. جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى ياخشى قوغداش، ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان فاڭجېن. دۇنيا داۋالغۇپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلگە كىرگەن ۋەزىيەتتە، مەن يولداش باش شۇجى بىلەن بىللە جۇڭگو - چاۋشيەن ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە بولغان ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپ ھاسىل قىلغان بىر قاتار مۇھىم ئورتاق تونۇش بويىچە، جۇڭگو - چاۋشيەن دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئۈزلۈكسىز يېزىپ، ئىككى دۆلەت سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى، يېرىم ئارال مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى قوغداپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

يولداش باش شۇجىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا، چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە خەلقىنى يېتەكلەپ، يېڭى تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 13 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە)، كۈنتەرتىپى ۋە سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى، كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار (لايىھە)؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە)، كۈنتەرتىپى (لايىھە)، سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى (لايىھە)، گۇرۇپپىلارغا ئايرىش چارىسى ۋە گۇرۇپپا چاقىرغۇچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، ھەر قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى ۋە رىياسەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى، تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، يىغىنىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى (لايىھە) ۋە سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات (لايىھە)؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى (لايىھە) قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ «بىرىكمە مۇشت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش 2020 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىگە يازمىچە قاراپ چىقىلدى، يۇقىرىقى ھۆججەت لايىھەلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 13 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چىڭ جيېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۈڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سىياسەت - تەدبىر ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا ئوڭۇشلۇق بۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى بىرىنچى ۋەزىپە ۋە نۇقتىلىق خىزمەت قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېتەكچى ئىدىيەنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت نىشانىنى ئىگىلەپ، ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنىڭ توغرا يۆنىلىشى بويىلاپ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئوڭۇشلۇق ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاساسلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆستۈرۈپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈشتىن كېيىنكى داۋاملاشما ياردەم بېرىش - يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈر مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ يېزا - كەنت خاس كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، زورايتىشىنى قوللاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسقا قارىتا ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يولغا قويۇپ، يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، قاتلامغا، تۈرگە ئايرىپ قاراتمىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، مۇكەممەل بولغان ياردەم بېرىش - يۆلەشكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ياردەم بېرىش - يۆلەشنى پەرقلىق قوللاشنى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەرەققىيات پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش كېرەك. نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالغا سىلجىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، يىرىك پىلاننى ئىلمىي تۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاپپارات، قوشۇننىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل تولۇق ئادا قىلىپ، كادىرلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جىپسىلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تۈر يىرىك پىلانىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى مۇساپىدە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاڭ بو، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.